ئاۋات ناھىيەسى:

# ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تائام بىخەتەرلىكى»نى قوغدىدى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ يەنچى

«ماگىزىنىڭلاردا سېتىلىۋاتقان لاتىياۋ، گەنسۇيمىيەن قانداق يوللار ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن؟» 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاۋات ناھىيەلىك تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېنىدىكى بىر ماگىزىنىدا، بۇ ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرى مال ساتقۇچىدىن سورىدى.

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، ئاۋات ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، مەكتەپ ئەتراپىدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تائام بىخەتەرلىكى»نى ھەقىقىي قوغداپ، ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالقىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئاۋات ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ۋۇ جيەنفېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە مەكتەپ ئاشخانىسى ۋە مەكتەپ ئەتراپىدىكى كىچىك يېمەكلىك دۇكىنى، قوشۇمچە يېمەكلىك دۇكىنى ھەم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تاللا بازىرى قاتارلىق يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار نۇقتىلىق ئوبيېكت قىلىنىپ، تەم تەڭشىگەن ئۇن مەھسۇلاتلىرىدىن لاتىياۋ، پۇرچاق مەھسۇلاتلىرى، كۆپتۈرمە يېمەكلىكلەر، كەمپۈت، ئىچىملىك قاتارلىق ئۇششاق يېمەكلىكلەر نۇقتىلىق تۈر قىلىنىپ، يېمەكلىك كىچىك كارخانىلىرىنىڭ تېگى - تەكتى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىنىپ، «مەينەت، قالايمىقان، ناچار» كىچىك يېمەك - ئىچمەك سورۇنلىرى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىندى. مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىدە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ مال كىرگۈزۈشنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغان - قىلمىغانلىقىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈشتە خەۋپ - خەتەر يوشۇرۇن خەۋپى بىرقەدەر چوڭ بولغان يېمەكلىكلەرنى بايقاپ، دەرھال جايىدىن چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئاۋات ناھىيەلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە باش تېما تەربىيەسىنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى نەق مەيدان يىغىنى، تەربىيەلەش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تائام بىخەتەرلىكى»نىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى شەكىللەندۈردى. ئاۋات ناھىيەسى غورۇچۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قالغان «ئۈچ يوق» يېمەكلىكلەرنى نەق مەيداندا كۆرگەزمە قىلىپ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىككە بولغان زىيىنىنى چۈشەندۈردى.

ۋۇ جيەنفېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىدە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار مەكتەپ ئەتراپىدىكى ماگىزىن، يېمەك - ئىچمەك دۇكىنىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئۆلچىمىگە يەتمىگەن كىچىك ھۈنەرخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. مەكتەپ ئەتراپىدىكى يېمەكلىك كەسپكارلىرىنى تەشكىللەپ، مەكتەپ ھەم ئەتراپىتىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى بويىچە ئۈچ قارار كۇرس ئاچتى، 700 ئادەم قاتناشتى.

# «شىنجاڭ جەزمەن تېخىمۇ گۈللىنىدۇ»

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇلىيا شىنجاڭ داشۆنىڭ چەت ئەل تىلى شۆيۈەنى رۇس تىلى فاكۇلتېتىدا خىزمەت قىلىشقا تەييارلىق بىلەن كەلگەنىدى. «مەن ئالتاي دۆلەتلىك تېخنىكا داشۆسىدىن كەلدىم، ئالتاي دۆلەتلىك تېخنىكا داشۆسى بىلەن شىنجاڭ داشۆنىڭ مەكتەپلەر ئارا ھەمكارلىقى بار، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئوقۇتقۇچىلارنى ئەۋەتىدۇ ھەم قارشى تەرەپنىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپكە كېلىپ بىلىم ئاشۇرۇشقا قوبۇل قىلىدۇ» دېدى يۇلىيا.

شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن، يۇلىيانىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىراتى يوق ئىدى. ئالتاي دۆلەتلىك تېخنىكا داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرگەن، ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ ئوماق باللار ماڭا يۇرتىنى تونۇشتۇرۇپ بېرەتتى، مېنىڭ شىنجاڭغا بولغان ئىنتىلىشىم دەل شۇ چاغدا باشلانغان».

دەسلەپ شىنجاڭغا كەلگەندە، گەرچە تازا ماسلىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگولۇق خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە، ئۇ ناھايىتى تېزلا يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىپ كەتتى.

«بۇ، مېنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلدە خىزمەت قىلىشىم. جۇڭگولۇق خىزمەتداشلىرىمنىڭ قىزغىنلىقى، دوستانىلىقى مېنىڭ بېسىممىنى تۈگەتتى. چەت ئەل تىلى شۆيۈەنى رۇس تىلى فاكۇلتېتى ۋە رۇس تىلى مەركىزىدىكى خىزمەتداشلىرىم ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ماڭا خۇددى ئۆيۈمگە قايتقاندەك تۇيغۇ بەردى».

ئوخشاش بولمىغان رايون مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشمۇ يۇلىيانىڭ كۈچلۈك قىزىقىشى ئىدى. ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن تۇرپان، تيانشان بوغدا كۆلى ۋە ئۈرۈمچى نەنسەنگە بارغان، ئۇ يەنە ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى ھەممە باغچىغا بارغان. يۇلىيانىڭ ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە، دائىم ئۆزىنىڭ باغچىلاردا چۈشكەن ئۆزتارتىم سۈرىتى ۋە مەنزىرە سۈرىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «جۇڭگو شىنجاڭ بىر ئاجايىپ تۇپراق، بۇ يەردە مېنىڭ يۇرتۇمدىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ، ماڭا يۇرتۇمدىن ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەنلىكىمنى ھېس قىلدۇردى» دېدى يۇلىيا.

ئۇنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتىغا تەسەللىي بولغىنى، ئۆزىگە تونۇشتەك مەنزىرە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ۋە قويۇق ئادەمگەرچىلىكى ئىدى. «ھەر يىلى جۇڭچيۇ بايرىمىدا ئوقۇغۇچىلىرىم ماڭا مەخسۇس يۈبىڭ تەييارلاپ بېرىدۇ؛ دۈەنۋۇ بايرىمىدا باللار ماڭا مەززىلىك تاڭزۇڭزا ئەكېلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى بايراملاردىكى مەززىلىك تائاملارغا مۇجەسسەملەنگەن جۇڭگو مەدەنىيىتىمۇ مېنى مەپتۇن قىلدى».

يۇلىيا مەززىلىك تائاملارغا ئامراق. «شىنجاڭنىڭ پولۇ، سامسا، كاۋاپ، يەنە توخۇ قورۇدىقىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.» يۇلىيا كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن يەنە ئالايىتەن جۇڭگولۇق خىزمەتداشلىرىمدىن بەزى مەززىلىك تائاملارنى ئېتىشنى ئۆگىنىۋالدىم، مەن پۇرسەت بولسا ئېتىپ باقايمىكىن دەيمەن».

ئۈرۈمچىدە، خۇڭشەن تېغى يۇلىيا بېرىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايلارنىڭ بىرى. «مەن تۇنجى قېتىم خۇڭشەن تېغىغا چىقىپ يىراققا نەزەر سالغىنىمدا، ئۈرۈمچىنىڭ بۇنچىلىك چوڭلۇقىنى پۈتۈنلەي ئويلىماپتىكەنمەن، بۇ، خەلقئارالاشقان چوڭ شەھەر، بەك قالتىس ئىكەن.» يۇلىيا مۇنداق دېدى: «بۇ يەردىكى ھەربىر ئادەم گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدۇ، مەن بۇ شەھەرنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچىكىنى كۆرەلەيمەن».

شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشتىن بۇرۇن، يۇلىيا توردا شىنجاڭ توغرىسىدىكى بىر قىسىم خەۋەرلەرنى كۆرگەن، بۇ ئۇنىڭدا يېڭى خىزمەتكە قارىتا ئازدۇر - كۆپتۇر بەزى ئەندىشىلەرنى پەيدا قىلغان. لېكىن ئىككى يىلدىن ئارتۇق چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلىق تۇرمۇشىدا، ئۇنىڭ كۆرگىنى ۋە ئاڭلىغىنى تامامەن باشقىچە بولدى.

«مېنىڭ سىنىپىمدا خەنزۇ مىللىتى، ئۇيغۇر مىللىتى، قازاق مىللىتى، تاجىك مىللىتى، قىرغىز مىللىتى، موڭغۇل مىللىتى قاتارلىق ھەر مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار بار، ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار بىر دەرسخانىدا بىللە ئوقۇيدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئۆزئارا ياردەم بېرىدۇ، بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئىناق. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئىتتىپاقلىق بولغاچقا شىنجاڭ جەزمەن تېخىمۇ گۈللىنىدۇ».

# مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا، ئون ئالىي مەكتەپنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، ساھە مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) شۇجىلىرى خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى باھا بەردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشقا مۇناسىۋەتلىك. جەزمەن پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى پۇختىلاش، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پارتىيە بايرىقىنى باشتىن - ئاخىر مائارىپ بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي قۇرۇلۇشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى زۆرۈر دەرس، دائىملىق دەرس قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مۇستەھكەم، كۈچلۈك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تاۋلاپ چىقىش، ئاساس سېلىش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشقا ھەقىقىي كۈچ سەرپ قىلىش، مەكتەپ پارتكومى، شۆيۈەن - فاكۇلتېت پارتىيە تەشكىلاتى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى، پارتىيە ئەزالىرىدىن ئىبارەت «تۆت بىر گەۋدە» تەشكىلىي سىستېما بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» قاتارلىق تۈزۈملەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش خىزمەت ۋاسىتىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ كېڭەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزام چەكلىمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىنتىزام ئىجراسىنى چىڭىتىپ، چىرىكلىكنى قاتتىق جازالايدىغان يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، مائارىپ سىستېمىسىدا ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان، ئىش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى كۈچەپ يارىتىش كېرەك. «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش ئۆز ۋەزىپىسى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتماسلىق ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغانلىق، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتالماسلىق لاياقەتسىزلىك» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىش ئاساسىي ماھارىتىنى ياخشى مەشىق قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن خادىملار بويىچە، پۈتۈن جەريانلىق، ھەر تەرەپلىمە ئادەم تەربىيەلەش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگىچە ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: قىشلىق تەتىل مەزگىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىنى ياخشى باشلاشقا، ياخشى قەدەم ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈكخۇدادا راۋان سۆزلەپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. بۇ، ئۇنىڭ شۇ كۈنىدىكى 4 - مەيدان چۈشەندۈرۈشى بولۇپ، ئاۋازى سەل پۈتۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ھارغانلىقى ئازراقمۇ بىلىنمەيتتى.

مۇخبىرلارنى كۆرۈپ، ئالىمجان تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى سۆزلىگەندە، ئۇ توختاپ مۇنداق دېدى: «ھازىر، مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئۇنداق قىلتىقىغا ئىشەنمەيمەن.» بۇ گەپلەرنى قىلغاندا، ئالىمجاننىڭ كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

### ئىلگىرى ئۆز قولى بىلەن بەختىنى نابۇت قىلغىلى تاس قېلىش

ئالىمجان ئىلگىرى بىر مۈلۈك شىركىتىدە ئىشلەيتتى، خوتۇنى ئاينۇر تۇرغۇن يېزىلىق شىپاخانىدا ئىشلەيتتى، ئوغلىغا ئانىسى ياردەملىشىپ قارىشىپ بېرەتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى تىنچ ھەم بەختلىك ئىدى.

2014 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، ئالىمجان ئولتۇراق رايونىنىڭ تازىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، بىر بوۋاي ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «يىگىت، بۇ يەردە ۋاقىتنى زايە قىلماي، بېرىپ ناماز ئوقۇغىن، شۇندىلا ‹خۇدا› ئاندىن سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، بارغانسېرى ياخشى بولىسەن».

دەسلەپتە ئالىمجان بۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىدى، كېيىنچە دەيدىغان ئادەملەر كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆڭلىدە ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسى بولغاچقا، ئۇ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق قانۇنسىز ھالدا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارغا ئېرىشىپ، «تەقۋادار مۇسۇلمان» بولماقچى بولدى. ئويلىمىغان يەردىن، ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ راستىنلا ئەمىلى ئۆسۈپ مۈلۈك دىرېكتورى بولدى. شۇ چاغدا ئالىمجان بۇنى «خۇدا»نىڭ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقىدىن بولدى دەپ قارىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزگىرىپ تېخىمۇ «تەقۋادار» بولۇشقا باشلىدى.

«ئالىمجان باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالدى.» ئاينۇر مۇنداق دېدى: «خىزمەتكىمۇ ئانچە كۆڭۈل قويمىدى، ھەر خىل باھانە ئىزدەپ ئىشقا بارمىدى».

ئالدى بىلەن ھاراق - تاماكىنى تاشلىدى، ئارقىدىن ناخشا ئېيتمايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان بولدى، ئالىمجان ئۆزى بېكىنىپلا قالماي، يەنە ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا چەك قويۇشقا باشلىدى. تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكىنى شۇكى، ئۇ خوتۇنىدىن گىرىم قىلماسلىقنى، سىرتقا چىققاندا نىقابلىق كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلدى.

2015 - يىلى، ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەن ئوغلى قىزىپ قالدى، خوتۇنى كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالىمجانغا ئوغلىنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىشنى قايتا - قايتا تاپىلىدى. ھالبۇكى، خوتۇنى ئىشقا كەتكەندىن كېيىن، ئالىمجان ئوغلىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ «ياۋا ئاخۇن» ئىزدەپ ئايەت ئوقۇتتى. ئەتىسى، ئوغلىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئاينۇر ئىشتىن چۈشۈپ كېلىپ بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە دەرھال دوختۇرخانىغا چاپتى.

«دوختۇر يەنە ئازراق كېچىكىپ قالغان بولساق بالىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» بۇلارنى ئېيتقاندا، ئالىمجاننىڭ خىجىللىقتىن بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. يېنىدا تۇرغان ئاينۇر مۇنداق دېدى: «شۇ چاغدا مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم».

كېيىن مۈلۈك شىركىتىنىڭ تىجارىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن تاقىلىپ قالدى. ئەمما بۇ چاغدا ئالىمجان ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تېخى تونۇپ يېتەلمەيلا قالماي، ئۇ ئۆزىنىڭ «تەقۋادارلىق»نى يەنە يېتەرلىك ئەمەس دەپ ھېس قىلدى.

ئاينۇر ئېرىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى، شۇڭا مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن بىللە خىزمەت ئىشلىدى. كۆپچىلىكنىڭ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئالىمجان پوسكام ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەلىنىشكە قاتناشتى.

### بىلىم ئۆگىنىپ ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش

«تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، كاللام يەنىلا مۇجمەل ئىدى.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: بۇ يەردە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، تۇساتتىنلا ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىمنى چۈشەندىم، ئەگەر يەنە سەل كېچىككەن بولسام، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

«ئۇنداقتا سىز ھازىر شۇ يىللاردىكى ‹ئەمەل ئۆسۈش› ئىشىغا قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىدى مۇخبىرلار، ئالىمجاننىڭ يۈزى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، «ئەينى چاغدىكى خىيالىم بەكمۇ كۈلكىلىك ئىكەن.» ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي مۇنداق دېدى: «قانداق تۇرمۇشقا ئېرىشمەكچى بولسا ئۆزىگە تايىنىپ كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن».

ئالىمجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئىشلەمچىلىك قىلىشنى باشلىغان، ئادەتتە ئىشچى بولغان، ئاشپەزلىكنى ئۆگەنگەن، كارخانىدا ئىشلەپ باققان، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى سىناپ باققان، ئەمما بىر كۈنى كىتابنى قايتىدىن قولىغا ئالىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇخبىرلارغا، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەسلىدە تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگەنگەندىن سىرت، ئالىمجان يەنە چوڭلار مائارىپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزىملاتقان، ئۇ كومپيۇتېر كەسپىنى تاللاپ ئۆگەنگەن، ھازىر ئىدارىدە كىمنىڭ كومپيۇتېرىدا مەسىلە كۆرۈلسە ئېسىگە ئالدى بىلەن ئالىمجان كېلىدىكەن.

«توختىماي بىلىم ئۆگەنگەندىلا ئاندىن ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىغىلى بولىدىكەن.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: ئىلگىرى شىنجاڭ تارىخىنى چۈشەنمەي، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئاشۇ قىلتىقىغا ئىشىنىپ، ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلغىلى تاس قالدىم. ئۆگىنىش ئارقىلىق مەن دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىش تارىخىنى چۈشەندىم، ھەرگىزمۇ ئۇ كىشىلەر دېگەندەك ئەمەس ئىكەن.

### تېخىمۇ كۆپ كىشىنى شىنجاڭ تارىخىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەھەللە كادىرلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئالىمجان پوسكام ناھىيەسى يەكەن دەرياسى مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت مۇزېيىدا چۈشەندۈرگۈچى بولدى.

«مەن ھازىرقى خىزمىتىمنى بەك ياقتۇرىمەن.» سۆزلىگەچ، ئالىمجان قەددىنى رۇسلاپ مۇخبىرلارغا ئۆزىنى نامايان قىلدى. «قاراڭلار، ھازىر ھەر كۈنى مۇشۇنداق كىيىنىمەن.» ئىشەنچ، ھاياجان چېھرىدە تولۇق جىلۋىلەندى. يەنە سەپسېلىپ قارىغاندا، پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئاياغ، قارا كاستيۇمغا ماسلاشتۇرۇپ كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەنگەن چاچ پاسونى ئۇنى باشقىچە روھلۇق كۆرسىتەتتى.

«ئىلگىرى بۇنداق ئەمەس ئىدىم، سىرتتا ئىشلىگەچكە، ئۈستىبېشىم دائىم توپا - لاي تۇراتتى.» ئالىمجان: ھازىرقى تۇرمۇش مەن ئارزۇ قىلغان تۇرمۇش، دېدى. ئۇ بارماقلىرىنى چىقىرىپ ساناپ تۇرۇپ، ھازىر ۋاقتىدا ئىشقا چىقىپ - چۈشەلەيدىغانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى تەرتىپلىكلىكىنى ئېيتتى. ئەسلىدە دائىم ۋاقتىدا تاماق يېيەلمەيتتىم، ئەمما تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە مەن بىر كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق يەيدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈردۈم، ئۇزاق مەزگىل قىينىغان ئاشقازان كېسىلىممۇ ياخشىلاندى. يەنە بالىغا ھەمراھ بولىدىغان ۋاقتىم كۆپەيدى، خوتۇنۇمغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەمەن، ھەر كۈنۈم تولىمۇ مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ.

چۈشەندۈرۈشتىن سىرت، ئالىمجان يەنە خىزمەتداشلىرىغا ياردەملىشىپ ئىشخانىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشىپ بېرىدۇ. «قېپقالغان ۋاقىتتا ئۆگىنىش قىلىمەن، ئۈچىنچى قەۋەت كۇتۇپخانا، ئىشىم بولمىسىلا دائىم بېرىپ كىتاب ئوقۇيمەن.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: توختىماي ئۆگىنىش قىلىپ، بىلىمنى تولۇقلىغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

تۇنجى قېتىملىق چۈشەندۈرۈش تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئۈچ ئايغا يېقىن تەييارلىق قىلىپ، خىزمەتداشلار بىلەن بىللە قايتا - قايتا مەشىق قىلىپ، قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدىم، ئەمما رەسمىي سۆزلەشنى باشلىغاندا، يەنىلا جىددىيلەشتىم. «كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ، سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلمەي قالدىم.» ئالىمجاننىڭ دېيىشىچە، نەق مەيداندىكى كۆرۈرمەنلەر ئۇنىڭغا باش بارمىقىنى چىقارغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلغان.

ھەر قېتىم چۈشەندۈرگەندە ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتتا بولىدۇ، ئۇنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى مۇزېيدىكى گۈلباغ يېزىسى كۆكدۆڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سابىق شۇجىسى لىيۇ گوجۇڭنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى بولدى. «ھەر قېتىم سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە دىمىقىم ئېچىشىدۇ.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: دەل لىيۇ گوجۇڭغا ئوخشاش مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كومپارتىيە ئەزالىرى بولغاچقا، بىزنىڭ كۈنلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ.

كېيىنكى پىلانى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالىمجان بىر مۇنەۋۋەر چۈشەندۈرگۈچى بولغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. «مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرى شىنجاڭ تارىخىنى چۈشەنمەي، يامان يولغا مېڭىپ قالغىلى تاس قالغانلىقىمنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا قايتىدىن ياشاش پۇرسىتى بەردى. مەن بۇ مىننەتدارلىقىمنى خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭ تارىخىنى ياخشى سۆزلەپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى شىنجاڭ تارىخىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن» دېدى ئۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)